# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 2 ـ ئاي

10

دۈشەنبە

维吾尔文 2月10日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24967 ـ سان بۈگۈن 2 بەت


## شى جىنپىڭ ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ 33 ـ نۆۋەتلىك باشلىقلار يىغىنىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئېفىيوپىيەنىڭ پايتەختى ئاددىس ـ ئەبەبەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ 33 ـ نۆۋەتلىك باشلىقلار يىغىنىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە ئافرىقا خەلقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۇلتۇردىن بۇيان، ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئافرىقا دۆلەتلىرى ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئافرىقا مەسىلىلىرىنى ئافرىقىچە ئۇسۇلدا ھەل قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئەركىن سودا رايونى رەسمىي قوزغىتىلىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى**

# بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش بىر قولدا ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش

## —— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

يەنىلا مۇرەككەپ، كەسكىن بولغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ كارخانىلار بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى تۇتۇپ، بىر قولدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت بىلەن بەسلەشتى.

### پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمنى تىزگىنلەش، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى پۇختا، ئىنچىكە تۇتتى، خىزمەتچى خادىملار مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى تاقىدى، خىزمەت، تۇرمۇش رايونلىرىنى قاتتىق دېزىنفېكسىيە قىلدى. نۆۋەتتە، شىركەت 4200دىن ئارتۇق كىشىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇپ، يەتتە يول ئېغىزىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ھەممىسىدە نېفىت رايونىغا كىرىپ ـ چىققان بارلىق ئاپتوموبىللار، ئادەملەرنى تىزىملاش ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

يۇقۇمنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن بىللە، غەربىي شىمال نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى يەنە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتى قۇردى، چارلاش ساھەسىدىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى يەنە يىراق مۇساپىلىك سىندىن پايدىلىنىپ قۇدۇق ئورنىنى ئەلالاشتۇرۇپ تاللاشنى قانات يايدۇردى. قۇدۇق بۇرغىلاشنى ھۆددىگە ئالغان كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى رايونلاردىن بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىتا، غەربىي شىمال نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى يەنە ھۆددىگە ئالغۇچى كارخانىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش سىياسىتىنى چىقىرىپ، ھۆددىگە ئالغۇچى كارخانىلارغا قارىتا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى ئازايتىش، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قوللاشنى زورايتىپ، نېفىت بىلەن تەمىنلەش، گاز بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، سانجى دۆلەتلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ يېڭى ماتېرىيال كەسىپلەر باغچىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ لەنشەن ـ تۈنخې پولىئېستېر چەكلىك شىركىتى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ تۈنخې پولىئېستېر دەپ ئاتىلىدۇ)دە، ئىككى چوڭ ئاپتوبۇس يېڭىدىن ئىجارىگە ئېلىنغان ياتاق رايونىدىن ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا كىردى، مۇداپىئە كىيىمى كىيگەن 200دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەتكەندىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلىنىپ بولغان سېخقا تەرتىپلىك كىردى. ئىككى يۈرۈش ئەسۋاب، ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى تېز سۈرئەتتە قوزغىتىپ، بىر كۈنلۈك ئالدىراش، تەرتىپلىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەش تارماق بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ مۇنداق تەلەپ قىلدى

## كارخانىلار ئىش باشلىغان، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن چاغدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى جۈنشيا**، پىراكتىكانت **شياۋ لياڭيۈەن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى، قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى، سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى قاتارلىق بەش تارماق بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، كارخانىلار ئىش باشلىغان، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن چاغدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، ئالاقىدار تارماقلار مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز جايىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىش باشلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتىنى دەل ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ ئىگىلەپ، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز جايىدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئارتۇق ۋە كەملىرىنى تەڭشەش، پىراكتىكىغا تەشكىللەش، پىراكتىكانتلارنى ماسلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ باسقۇچلۇق ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ئەڭ زور چەكتە قاندۇرۇشقا ھەمكارلىشىشى كېرەك؛ شۇ جاي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىش ئالدىنقى شەرتىدە، كارخانىلارنىڭ نىشانلىق رايون ھالقىپ خادىم تەكلىپ قىلىشىغا ھەمكارلىشىشى كېرەك؛ مۇئەييەن كۆلەمگە يەتكەن بولسا، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### باشقىچە «ئاق خالاتلىق جەڭچى»لەر:

## داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇردى

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋلۇڭ، ئامان**

چاڭ ـ توزان، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، شاۋقۇن بۇلار فىڭ تاۋنىڭ كەينىدىكى سېخ تېمىغا ئېسىلغان ئۈچ «كەسىپ خەۋپىنى ئۇقتۇرۇش تاختىسى»دىكى ئەسكەرتمىلەر ئىدى.

36 ياشلىق فىڭ تاۋ ئۈرۈمچى شەھەرلىك داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىنىڭ چارلاپ تەكشۈرگۈچىسى. مۇخبىرلار بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىدە فىڭ تاۋنى كۆرگىنىدە، ئۇ ئۈستىگە ئاق رەڭلىك مۇداپىئە كىيىمى، بېشىغا قىزىل رەڭلىك بىخەتەرلىك قالپىقى كىيگەن بولۇپ، كۆز قوغداش ئەينىكى بىلەن ماسكا ئۇنىڭ يۈزىنى چىڭ توسۇپ تۇراتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، باشقىچە «ئاق خالاتلىق جەڭچى»لەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى ماتېرىيال چۈشۈرۈش زالىدا داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى يىغىپ يۆتكەش تۆڭلىرىنى توشۇماقتا. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جاڭ شياۋلۇڭ فوتوسى

# نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى ھەقىقىي قوغدايلى

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش —— ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك؛ نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش —— ئېغىر، زور يۇقۇمغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى. يىغىندا نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى ھەقىقىي قوغداش تەكىتلەندى ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىنى تىرىشىپ ساقلاش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

نەچچە كۈندىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، بىر قاتار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، تەرتىپلىك ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. كارخانىلارنى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياجنى جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا «ئۈزۈك ـ تۈلۈك» بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بازىرى ۋە كۆمۈر، توك، ماي، گاز بىلەن مۇقىم تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتىن قاتناش ـ ترانسپورتنىڭ تەرتىپلىك، راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، خادىملار، ئاپتوموبىللارنىڭ نورمال قاتنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقىچە، يەنە تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىشكىچە جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكى قوغدالدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىش، قىيىنچىلىقنى بىرلىكتە يېڭىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى مۇجەسسەملەندى.

ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى ھەقىقىي قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. ئاھالىلەرنى كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «كۆك ـ تاق»قا شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆكتات قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەشكىللەپ، ماددىي ئەشيا تەقسىملەش ۋە بازار تەمىناتىنى كۈچەيتىپ، تەدبىر قوللىنىپ، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى توشۇۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ راۋان قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۆمۈر، توك، ماي، گاز بىلەن نورمال ياخشى تەمىنلەپ، ئاھالىلەرنىڭ ئېنېرگىيە ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەرتىپىنى قەتئىي قوغداپ، بېكىتىلگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى، ئايرىۋېتىش سورۇنلىرى قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىك مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەرتىپىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، تېببىي خادىملارنى ئۇرغان، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگەنلەرنى، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەرتىپىنى بۇزغانلارنى جەزمەن كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمدىن پايدىلىنىپ مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، تاۋارلارنى بېسىپ قويۇپ ھايانكەشلىك قىلىش، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش قاتارلىق جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش، ساختا، ناچار تېببىي دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش ماتېرىياللىرىنى ياساش، سېتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايەتلەرگە قانۇن بويىچە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش داۋامىدا كۆرۈلگەن تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە جەزمەن ۋاقتىدا تاقابىل تۇرۇپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ خىزمەتلەرنى ئىنچىكە، تەپسىلىي، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىر مەيدان دوقۇرۇشما جەڭ، بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىمىزغا ئېغىر، زور دەخلى قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. يۇقۇم ئېغىر رايونلار زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايون مالىيەسى يەنە 108 مىليون يۈەن مەخسۇس خىراجەت ئاجراتتى

### پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە يەنىمۇ كاپالەتلىك قىلىندۇ

**ئۆز خەۋەرچىمىز** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون مالىيەسى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەنە 108 مىليون يۈەن مەخسۇس خىراجەت ئاجراتتى.

ئىگىلىنىشىچە، 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيەلەر جەمئىي 1 مىليارد 331 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى پۇختا مالىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىگەن.

# ئوخشاش بولمىغان جەڭ مەيدانى، ئوخشاش جەڭچىلەر

## —— سارسقا تاقابىل تۇرۇشتىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا قارشى ئورتاق جەڭ قىلىشقىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ ئالدىنقى سەپتە تۇردى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

17 يىل ئىلگىرى، سارس يامرىغاندا، ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلىگەنىدى، «مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن ئاتلانمىسام كىم ئاتلىنىدۇ» دېگەن قەسەم ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇردى. بۈگۈن، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئالدىدا، ئۇلار يەنە بىر قېتىم ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېيىشتى: «17 يىل ئىلگىرى بىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن، ھازىر بىز ئوخشاشلا يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز!»

زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان، ئوخشاش بولمىغان جەڭ مەيدانى، ئوخشاش «جەڭچى»لەر. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئەڭ تەسىرلىك مەنزىرىگە، ئاممىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تايانچىغا ئايلاندى.

### «پۇقرالار ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇلار تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ»

«تاغا، ئاپامنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ، نەپەس ئالالماي قېلىۋاتىدۇ!» «مەن ھازىرلا بارىمەن!» 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتە، ئۈرۈمچى ناھىيەسى سارداۋان يېزىسى جۇڭلياڭ كەنتى داۋالاش ئورنىنىڭ دوختۇرى تيەن شۆسېن دېزىنفېكسىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئەمدىلا تاماملاپ، ئۆيىگە قايتىپ تاماق يېيىشكە تېخى ئۈلگۈرمەيلا، كەنت ئاھالىسىنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ دەرھال دورا ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى. سول پۇتى مېيىپ بولغاچقا، ئۇ ھەر قېتىم كېسەل كۆرگىلى چىققاندا، خوتۇنىنى ئاۋارە قىلىپ شوپۇرلۇققا سالاتتى.

نەچچە ئون يىللىق دوختۇرلۇق تەجرىبىسىگە ئىگە تيەن شۆسېن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنە بىر قېتىم «يۇقۇم»غا قارشى جەڭنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلاندى، ئۇ چوڭقۇر ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «17 يىل ئىلگىرى سارسقا تاقابىل تۇرۇشتا، مەن بىرىنچى سەپتە ئىدىم. پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاچقۇچلۇق پەيتتە چوقۇم ئاتلىنىشىم كېرەك. پۇقرالار ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇلار تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ».

كەنت ئاھالىسى ما يۇفاڭنىڭ تاجىسمان يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، تيەن شۆسېننىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى بىلەن ئاخىر خەتەردىن قۇتۇلدى. ئاغرىقنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن، تيەن شۆسېن يەنە دەرھال بېرىپ كەنتتىكى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)